# 263253 ـ ئەقلى هۇشى جايىدا بولمىغان كىشىنىڭ قىلغان مالىيە ئىشلىرىنىڭ هۆكمى توغرىسىدا

## سوئال

مەن ۋە قېرىندىشىم ئانامنىڭ چوڭ ئانامغا قەرز بېرىش توغرىسىدا كۆپ تەلەپ قىلىشى بىلەن چوڭ ئانامدىن مەلۇم مىقدار پۇل قەرز ئالدۇق، چوڭ ئاپام ئانامغا: بۇنى ئۆزۈڭلار بىلىڭلار باشقىلار سۆزلىمەڭلار دەپتۇ، چوڭ ئاپام كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندا قېرىندىشىم چوڭ ئاپامغا پۇلنىڭ يېرىمىنى بانكىدىن ئۇرۇپ بېرىپ : هازىر يېرىمىنى يوللاپ بەردىم قالغان يېرىمىنى كېيىن يوللاپ بېرىمەن دېگەندە، چوڭ ئاپام: كىم ساڭا پۇلنى يوللاپ بەرگىن دېدى دەپتۇ، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن چوڭ ئاپام ۋاپات بولدى، ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى هۇشسىز ياتقان ۋاقىتىدا، ئانام ئۇنىڭغا قالغان قەرز توغرىسىدا سۆز قىلىپ: ئىنسانىنىڭ جېنى ئاللاهنىڭ قولىدا، لېكىن ئۇ قەرىزلەرنى قانداق تۆلەپ بولار؟ ئۇنى سىزنىڭ هەققىڭىزدە بۆلەپ‫ـ بۆلەپ سەدىقە قىلىۋەتسە بولامۇ؟ دېگەندە، چوڭ ئاپام بىر ئاز جىم تۇرۇپ: ئۇنى سەدىقە قىلىۋەتسۇن دەپتۇ، ئۇنىڭ مۇشۇ سۆزى ئۇ قەرزنى بىزدىن ئەپۇ قىلىۋەتكەنلىكىگە كۇپايە قىلامدۇ ياكى قىلمامدۇ؟، تۇيغۇسى يوقالغان ۋاقىتتىكى ئۇ سۆزى كۈچكە ئىگە بولامدۇ؟، ئاللاھ ئەجرىڭلارنى بەرسۇن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاهقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساهابىلارغا ئاللاهنىڭ رەهمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىز بۇ سوئالنى ئۇستازىمىز ئابدۇرەهمان بەرراكتىن (ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن)سورىغان ئىدۇق، ئۇستازىمىز مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: "بۇنى سەن ۋە ئائىلەڭدىكىلەر بىلىڭلار، باشقىلارغا سۆزلىمەڭلار، ۋە ساڭا كىم پۇلنى ئۇرۇپ بەرگىن دېدى دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىگىدارچىلىق ئىسپاتلانمايدۇ، چۈنكى بۇ كىشىلەر ئۆزئارا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقاندا دېيىشىدىغان سۆز بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىق هوقۇقىدىن چۈشۈپ بەرگەنلىكىنى ئوچۇق ئىپادىلىمەيدۇ.

ئەمما ئۇ ئايالنىڭ: " ئۇ مالنى سەدىقە قىلىۋېتىڭلار، دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئۇ هالەت  تەسەررۇپ قىلىشى توغرا بولمايدىغان بىر هالەت، ۋارىسلارنىڭ هەققى ئۇ ئەسلىدۇر، ئەسلى بولغان هەق پەقەت تولۇق بىر ئىشەنچ بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ، بۇ يەردە تۇيغۇسىنى يوقۇتۇش ۋە كېسەللىكتىن ئىبارەت سەۋەپلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئىشەنچ بولمايدۇ.

سوئال سورىغۇچىغا بېرىدىغان جاۋابىمىز: مالنىڭ قالغان قىسمىنى سەدىقە قىلىۋېتىش بىلەن چوڭ ئاپاڭلارنىڭ سۆزىدىن هاسىل بولغان هەقىقەتنى ۋارىسلارغا بىلدۈرىشىڭلار كېرەك. سىلەرنىڭ قىلغان سەدىقەڭلاردىن ئۇلارنىڭ كۆڭلى قانائەت تاپسا ياخشى

بولىدۇ، ئەگەر قانائەت تاپمىسا، مالنى ۋارىسلارغا قايتۇرۇپ بېرىسلەر، ئۇنى قالغان مىراس ماللىرى بىلەن بىرگە تەقسىم قىلىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.